# ئۇ كىشى ئۇلارغا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ،

يەھيا بىن ئەمارەتە مازىنىي مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەمىر بىن ئەبى ھەسەننىڭ ئابدۇللاھ بىن زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق تاھارەت ئالىدىغانلىقىنى سورىغانلىقىغا گۇۋاھ بولدۇم، ئابدۇللاھ بىن زەيدكە بىر قاچىدا سۇ كەلتۈردى، ئۇ كىشى ئۇلارغا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەت ئالغىنىدەك تاھارەت ئېلىپ كۆرسەتتى، قاچىدىن سۇ قۇيۇپ ئىككى قولىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن قولىنى قاچىغا سېلىپ سۇ ئېلىپ، ئۈچ قېتىمدىن ئېغىزىغا سۇ ئېلىپ چايقاپ، بۇرنىغا سۇ ئېلىپ تازىلىدى، ئاندىن قولىنى قاچىغا سېلىپ سۇ ئېلىپ يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن ئىككى قولىنى جەينىكى بىلەن قېتىپ ئىككى قېتىمدىن يۇدى، ئاندىن قولىنى قاچىغا كىرگۈزۈپ بېشىغا مەسھە قىلدى، بېشىنىڭ ئالدىدىن باشلاپ كەينىگىچە بىر قېتىم مەسھە قىلدى، «ئاندىن ئىككى پۇتىنى ھوشۇقىغىچە قېتىپ ئۈچ قېتىم يۇدى
[تېكست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

ئابدۇللاھ بىن زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق تاھارەت ئالىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. كىچىك قاچىدا سۇ كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى، دەسلەپتە ئىككى ئالقىنىنى يۇيۇشتىن باشلىدى، ئاندىن قاچىنى يانتۇ قىلىپ سۇنى قويۇپ ئىككى قولىنى قاچىنىڭ سىرتىدا ئۈچ قېتىم يۇدى. ئاندىن قولىنى قاچىغا كىرگۈزۈپ ئۇنىڭدىن ئۈچ ئۇۋۇچ سۇ ئېلىپ ھەر بىر ئۇۋۇچ سۇ بىلەن بىر قېتىم ئېغىزىغا سۇ ئېلىپ چايقاپ، بۇرنىغا سۇ ئېلىپ تازىلىدى. ئاندىن سۇنى ئۇۋۇچلاپ ئېلىپ يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇدى. ئاندىن ئۇۋۇچلاپ سۇ ئېلىپ ئىككى قولىنى ئىككى جەينىكى بىلەن قېتىپ ئىككى قېتىمدىن يۇدى. ئاندىن قولىنى قاچىغا كىرگۈزۈپ ئىككى قولى بىلەن بېشىغا مەسھە قىلدى، بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باشلاپ گەردىنىگىچە يەتكۈزدى ئاندىن كەينىگە قايتۇرۇپ بېشىدىن مەسھىنى باشلىغان ئورۇنغا يەتكۈزدى. ئاندىن ئىككى پۇتىنى ئىككى ھوشۇقى بىلەن قېتىپ ئۈچ قېتىم يۇدى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3444

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee